# پارتىيە بايرىقى ئېگىز جەۋلان قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭ 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى: «شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيەنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتەك رەھبەرلىك يادروسلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەشتە».

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تاش ـ تۆمۈردە ئىز قالدۇرغۇدەك ئىرادە ۋە چىداماچانلىق بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى. پارتىيە بايرىقى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ئېگىز جەۋلان قىلدى!

## نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئىدىيەۋى ئاساسنى پۇختىلاش

«شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىدىيە بايرىقى، بارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچ...» 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئىلمىي دوكلات بېرىش زالىدا، ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ جۈنەن ۋىلايەتلىك تەشكىلات سىستېمىسىدىكى پارتىيەلىك كادىرلارغا بىر قېتىملىق پارتىيە دەرسى ئۆتتى، كۆپچىلىك كۆپ نەپكە ئېرىشتى.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۆگىنىش مەنزىرىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار ئارىسىدا دائىملىق ھالەتكە ئايلاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى باشتىن ـ ئاخىر سىياسىي قۇرۇلۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، قەتئىي بوشاشماي شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ كاللىسىنى قوراللاندۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، گەرچە شىنجاڭ پايتەخت بېيجىڭدىن يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشىنى، چىڭ تۇتۇششىنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىدى.

ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇش، نەزەرىيە بىلەن پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى ئارقىلىق ئەسلى مەقسەتنى ئوزۇقلاندۇردى، بۇرچنى يېتەكلىدى.

— شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇق، تەستىقي يوليورۇقىنىڭ روھىنى دائىملىق ئۆگىنىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، مەسىلەلەرنى تېپىپ چىقىپ، پەرقلەرنى توغرىلاپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى باشتىن ـ ئاخىر باش شۇجى كۆرسەتكەن توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەتتى؛

— يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، ئىككى تۈركۈمگە ئايرىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، 1 مىليون 612 مىڭ پارتىيە ئەزاسى ئەستايىدىللىق بىلەن ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇپ، ئەسلى تېكىستنى ئۆگىنىپ، قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى قەلبىگە ئويۇپ، ئېتىقاد ئاساسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، مەنىۋى كالتسىيىنى تېخىمۇ تولۇقلىدى.

— «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ھويلا ـ ئارانلىرى، ئېتىز ـ ئېرىق باشلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سەپلىرىدە، ئامما ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان، ئاڭلاپ بىلەلەيدىغان سۆزلەر بىلەن نەزەرىيە چوڭ لېكسىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولدى.

سىجىل ئۆگىنىش داۋامىدا سىياسىي كۈچ، ئىدىيەۋى كۈچ، ئەمەلىي كۈچنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ بىلىش، ئىشىنىش، قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش ئىقتىدارى كۈچلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئەسلى مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.

## ئۈلنى كۈچەيتىپ، ئاساسنى مۇستەھكەملەشنى نىشانلاش ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاساسىنى پۇختىلاش

9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، گۇما ناھىيەسىنىڭ چودا يېزىسى باشلاقبىنام كەنتىدىكى سافا زاۋۇتىدا، كەنت ئاھالىسى رۇقىيە ئوسمان سافانى ئەڭ ئاخىرقى قۇراشتۇرۇش خىزمىتى بىلەن ئالدىراش ئىدى.

«بۇ بىرقانچە يىلدا، كەنتىمىزدە ئۆزگىرىشلەر ناھايىتى چوڭ بولدى، يوللار ياسىلىپ تۇتاشتۇرۇلدى، مۇھىت گۈزەللەشتۈرۈلدى، سافا زاۋۇتى، بورا توقۇش زاۋۇتى قاتارلىقلار قۇرۇلدى، بىز قىلىدىغانغا ئىش چىقتى، پۇل تاپالايدىغان بولدۇق. بۇلتۇر پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىرى بارغانسېرى گۈزەللەشتى.» رۇقىيە ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ياخشى كۈنلەر كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلارنىڭ كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ بىللە ئىشلىشى بىلەن يارىتىلدى».

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلاقبىنام كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى كەنتتە تۇرغاندىن بۇيان، «ئۆگىنىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش» ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەنت دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنى «كۈچلەندۈردى». كەنت پارتىيە ياچېيكىسى جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كىچىك كەنتتە چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

دەرەخنى ئېگىز ئۆسسۇن دېسەك، يىلتىزىنى چوقۇم مۇستەھكەملىشىمىز كېرەك. مۇشۇ يىللاردا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش، ئاساسنى پۇختىلاشنى شىنجاڭنى مۇقىم، ئەمىن قىلىشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان ۋە ئۈلنى مۇستەھكەملەش تەدبىرى قىلىپ، تىرىشىپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ئامما ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان، مۇقىملىقنى قوغدايدىغان، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغان كۈچلۈك جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

— تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئاساسىي قاتلامنى كۈچەيتتى، ئاساسنى مۇستەھكەملىدى. «ئون ئومۇميۈزلۈك» ئارقىلىق يېزىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، «ئونغا كۈچەش» ئارقىلىق شەھەرلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى دائىملاشتۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈكلەشتۈرۈپ، تۈزۈملەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق بىر قاتار نېگىزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، يىراق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تۈزۈم، ھۆججەتلەرنى تۈزدى ھەم يولغا قويدى؛ پارتىيە تەشكىلاتىنى ھەربىر جەمئىيەت باشقۇرۇش ھۆجەيرىسىگىچە قۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا، شەھەر، ئورگان، دۆلەت كارخانىسى، ئالىي مەكتەپ قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردە پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى.

— سەرخىل كۈچلەرنى ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈردى. كەنت(مەھەللە) «ئىككى كومىتېت» بەنزىسىگە ئەلالارنى تاللاپ، كۈچلۈكلەرنى سەپلىدى، رايون، شەھەر، ناھىيە ئۈچ دەرىجىلىك ئورگاندىن مۇنەۋۋەر كادىرلارنى تاللاپ، كەنت(مەھەللە) پارتىيە تەشكىلاتىدا 1 ـ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە ئەۋەتىپ، كەنت (مەھەللە)نى تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى. بېيىش ماھىرى، سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلغان، سودا قىلىپ يۇرتىغا قايتقان كىشىلەر، ئۆز يۇرتى ئۆز جايىدىكى داشۆنى پۈتكۈزگەنلەر، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىچىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدىن كەنت پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ باشلامچىلىرىنى تەربىيەلەپ، تاللاپ ئۆستۈرۈپ، دېھقانچىلىقنى بىلىدىغان، يېزىنى سۆيىدىغان، دېھقانلارنى سۆيىدىغان شۇجىلارنى يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈشكە قويدى.

— «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى ئۇدا قانات يايدۇرۇپ، ھەر يىلى 70 مىڭدىن ئارتۇق كادىرنى تاللاپ ئەۋەتىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق خىزمەت ئەترىتىنى تەشكىللەپ پۈتۈن شىنجاڭدىكى بارلىق كەنت(مەھەللە)لەردە تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. كەنتتە تۇرۇشلۇق كەڭ كادىرلار قىيىنچىلىقتىن قورقماي، چىن ھېسسىياتى ۋە قايناق ھېسسىياتى، ئەقىل ـ پاراستى ۋە قەتئىي ئىرادىسى بىلەن قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى بىر ـ بىرلەپ يەڭدى: خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش تۈرىدىن 69 مىڭنى يولغا قويۇپ، ئاممىنىڭ سان ـ ساناقسىز ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى، ئامما ئۈچۈن سان ـ ساناقسىز ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بەردى، كەنتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئەڭ زور دەرىجىدە خەلق رايىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملىدى؛

…

كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلايدىغان، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىدىغان، ئاساسنى پۇختىلايدىغان ھەربىر كۈچلۈك تەدبىر ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى، جەڭگىۋارلىقىنى مۇستەھكەملىدى، پارتىيە بايرىقى ھەربىر ئاساسىي قاتلام بازىسىدا ئېگىز جەۋلان قىلدى.

## روشەن يۆنىلىش تۇرغۇزۇش كادىرلار قوشۇنىنى كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇش

ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە ئىختىساسلىقلارنى تاللاش مۇھىم. «سىياسىيدا قەتئىي، ئىقتىدارى يۇقىرى، ئىستىلى دۇرۇس يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنى قۇرۇش كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقى سەممىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېڭى دەۋردىكى ياخشى كادىرلار ئۆلچىمى ۋە مىللىي رايونلاردىكى كادىرلارنىڭ سىياسىي ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتىن، ئىدىيە جەھەتتىن، ئىستىل جەھەتتىن، ئىقتىدار جەھەتتىن كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، تىرىشىپ سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

— سىياسىي ئۆلچەم بويىچە ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىشنى گەۋدىلەندۈردى. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ ئىدىيەۋى تونۇشى ۋە ئەمەلىي ئىپادىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپى ۋە جاپالىق رايونلاردا كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، چېنىقتۇرۇش، تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بەردى. ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان، زەربىدارلىق بىلەن ئالدىغا ئۆتەلەيدىغان، بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، غەلىبە قىلالايدىغان بىر تۈركۈم كادىرلارنى ئۆستۈرۈپ مۇھىم ئورۇنغا قويدى.

— ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە ئەلالارنى تاللىدى، كۈچلۈكلەرنى سەپلىدى. ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش، ئەخلاقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ياخشىلارنى ئىشقا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ باش مەسئۇللىق ۋەزىپىسىدىكىلەرگە ئەلالىرىنى تاللاش، كۈچلۈكلىرىنى سەپلەشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ياش قۇرۇلمىسى، كەسىپ قۇرۇلمىسى، مەنبە قۇرۇلمىسى، كەچۈرمىش قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن بايقاپ، يېتىشتۈرۈپ، تاللاپ ئۆستۈرۈپ، ئايال كادىرلارنى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە پارتىيە سىرتىدىكى كادىرلارنى مۇۋاپىق سەپلەپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئومۇمىي فۇنكسىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

— گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇشتا ۋەتەننى سۆيىدىغان، ئۆزىنى بېغىشلايدىغان ھەرقايسى تەرەپلەردىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى توپلىدى. تۈرلۈك رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئىختىساسلىقلارنى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە يۆتكەلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلىق ساھە، ئاچقۇچلۇق ساھەلەرگە بېرىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى، يېتەكلىدى. 2014 ـ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ ئاشكارا ئىمتىھان ئېلىپ قوبۇل قىلغان مەمۇرلار ئىچىدە، ناھىيە، شەھەر، رايون، يېزا ـ بازار ئورگانلىرىغا قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ نىسبىتى 80%تىن ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەمەلىي نەتىجىسىنى باھالاشتىكى «ئۆلچىگۈچ»تىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئەمەلىي ئىشلىگەنلەرگە ئىلھام، مەدەت بەردى؛ كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، كۆيۈنىدىغان تەدبىر ـ چارىلەرنى تۈزۈپ، ئىش قىلىدىغان، نەتىجە يارىتىدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى زور دەرىجىدە قوزغاتتى.

ئاساسىي قاتلام ئەمەلىيىتى كادىرلارنى يېتىشتۈرىدىغان، چېنىقتۇرىدىغان «مەشىق مەيدانى.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئاساسىي قاتلامنى ئەمەلىيەتتە چېنىقتۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى قىلىشتا چىڭ تۇردى، تۈركۈم ـ تۈركۈم كادىرلار ئاساسىي قاتلامدا ئىرادىسىنى چېنىقتۇردى، ئامما خىزمىتى ئىشلەش ماھارىتىنى كۈچەيتتى، قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئىستىلنى تاۋلىدى.

«مەرد مەيداندا سىنىلار، ساپ ئالتۇن ئوتتا تاۋلىنار.» ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىدا ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، پولاتتەك تاۋلىنىپ، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇستەھكەم تۆۋرۈككە ئايلاندى.

شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، «قەتئىي بەل قويۇۋەتمەيدىغان» چىداماچانلىق، «دۈشمەن قورغىنىنى ئالمىغۇچە قايتمايدىغان» جان تىكىپ ئېلىشىش غەيرىتى بىلەن، قەتئىي ئىرادە بىلەن كۈرەش قىلساقلا، چوقۇم بارلىق جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى بارغانسېرى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز!

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى رەئىسلەر يىغىنىنىڭ خىزمەت قائىدىسى» «ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى يولغا قويۇش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، «ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ كېڭىشىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» ماقۇللاندى.

نۇرلان ئەبىلمەجىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: رەئىسلەر يىغىنىنىڭ خىزمەت قائىدىسى ھەم سىياسىي كېڭەش نىزامى بويىچە ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىغان «تەرتىپ خەرىتىسى» ھەم ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىدىغان، نازارەتنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىدىغان «ۋەدىنامە». قائىدە ئېڭى ۋە تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنىڭ تېخىمۇ قېلىپلاشقان، تەرتىپلىك، تېخىمۇ ئەمەلىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئاساسىي ماھارەت، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تۇتقا قىلىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشى، پۇختا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش شارائىتىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈملۈكلۈكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق كېڭىشىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ دەل جايىدا بولۇش دەرىجىسى ۋە نىشانلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. سۈپەت يۆنىلىشنى تۇرغۇزۇپ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ، ئۆرنەك قىلىپ، مەۋقەنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، كېڭىشىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش سۈپىتىنى باھالاش خىزمىتىنى پائال، پۇختا قانات يايدۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش خىزمىتىنى «نېمە ئىش قىلدى»، «قانچىلىك قىلدى»دىن «قانداق ئۈنۈم ياراتتى»غا ئۆزگەرتىشكە ئەھمىيەت بېرىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

نۇرلان ئەبىلمەجىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچنى چىڭ تۇتۇپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى بۇرچى، ۋەزىپىسىنى چوڭقۇر تونۇپ، شىنجاڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئۇنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنى سىياسىي كېڭەشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، كېڭىشىش خىزمىتى قائىدىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كېڭىشىش شەكلىنى بېيىتىش، كېڭىشىش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش، كېڭىشىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش، ئەقىل ـ تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھىنى ئۇرغۇتۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئاكتىپ كۈچىنى توپلاش كېرەك. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمىنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى چۆرىدەپ پائال ئىزدىنىپ، توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئۈنۈملۈك تۈزۈمنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئارقىلىق كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن چېڭ جېنشەن، جۇرئەت ئىمىن، مۇتەللىپ ئوبۇل، ئىلھام سابىر، ما شيۇڭچېڭ يىغىنغا قاتناشتى.